«1 - ماي»دىكى ياخشى چاغلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

قاتتىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قايتا جانلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

# ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ شىنجاڭ ئىچى ساياھىتىگە كۈچ قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **رىبەن جياڭ، ياۋ گاڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چى خۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئوتلاقنى سەيلە قىلىش، گۈل - گىياھلارنى تاماشا قىلىش، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۈزۈش... «1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتتە، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش، ئىستىراھەت ساياھىتى، يېزا - كەنت ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت لىنىيەلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش لىنىيەسىدىن تۆتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ھەم قار - مۇز بازىرى دالا كۆڭۈل ئېچىش يىغلىشى، مەدەنىيەت - سەنئەت، يېزا ئىگىلىكى ساياھىتى قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت ساياھىتى پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى باھار سەيلىسى - چېچەك سەيلىسى، ئائىلىۋى ساياھەت، مەدەنىيەت ساياھىتى، يېزا - كەنت ساياھىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى، قىزىل ساياھەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىيانشان گۈل دېڭىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى لىنىيە، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاس يارقىن نۇقتىلىرىغا ئاساسەن، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش، يېزا - كەنت ساياھىتى قاتارلىق لىنىيە ۋە مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

«1 - ماي» مەزگىلىدە تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش يىغىلىشى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى مەنزىرە رايونىغا كىرىش، داڭلىق ساياھەت يېتەكچىسى مەنزىرە رايونىغا كىرىش، سانجى ئوبلاستلىق سەنئەت يۇرتى بوغدا كۆلىگە كىرىش قاتارلىق 12 تۈرلۈك ئاساسىي تېما پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ نارات مەنزىرە رايونى 2 - نۆۋەتلىك «ناراتلىقلار، ناراتتىكى ۋېلسىپىتلەر، نارات تاغلىرى» شەكىل چىقىرىپ ۋېلسىپىت مىنىپ ئېگىزگە چىقىش مۇسابىقىسى، «تىيانشاندا ئات چاپتۇرۇش. ئوتلاقتىكى قايناق ھېسسىيات» ئات بەيگىسى بايرىمى، بوشلۇقتىكى ئوتلاق لەگلەك بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەيدۇ؛ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى خورا تېغى تۈنجى نۆۋەتلىك خىيالىي چىراغ نۇرى بايرىمىمۇ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىدۇ، ھېسسى تۇيغۇ چىراغ نۇرى گۈل دېڭىزى، چىراغ نۇرى يۇلتۇز تونېلى، مۇزىكا تونېلى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ بورتالا شەھىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تاشئالما مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمىنىڭ كۆپ خىل پائالىيەتلىرىمۇ «1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىگىچە داۋاملىشىدۇ.

«بىز ‹ئالتاينى ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش› بويىچە ئون چوڭ ئېتىبار تەدبىرنى يولغا قويدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مەنزىرە رايونىنىڭ ئىشىك بېلىتىنى سوۋغا قىلىش، 10 مىليون ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش، 10 مىليون ماي بېلىتىنى سوۋغا قىلىش، 10 مىڭ كارىۋات بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش، مەنزىرە رايونىغا كىرىدىغان ئاپتوموبىللارغا 70% ئېتىبار بېرىش، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ 5A مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلىش، ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇكاپات تولۇقلىمىسى بېرىش، 99 يۈەن بىلەن يۇرتنى ساياھەت قىلىش پائالىيىتى قاتارلىقلار بار. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدۇ» دېدى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېتىبار سىياسەتنى ئېلان قىلىش ھەم تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ليۇ كېچۈەن تونۇشتۇرۇپ.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرى كۆپ خىل ئېتىبار پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى: بۇ يىل پۈتۈن بىر يىلدا، نارات مەنزىرە رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى(سەككىز ناھىيە، ئۈچ شەھەر، بىڭتۈەن 4 - شىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى ساياھەتچىلەرگە ئىشىك بېلىتىنى ھەقسىز قىلىش، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرگە ئىشىك بېلىتىدە يېرىم باھا ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، بۇ مەنزىرە رايونى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ساياھەتچىلەرگە ھەقسىز ئىشىك بېلەتى ئېتىبارىنى يولغا قويىدۇ.

تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى «1 - ماي» مەزگىلىدە ئالتە تۈرلۈك ئېتىبار تەدبىرنى يولغا قويدى، ئۆلكە دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، قەھرىمان نەمۇنىچىلار، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساياھەتچىلەر كۆچكە ئىگە كىنىشكىسى ئارقىلىق ھەقسىز ئىشىك بېلىتى ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ؛ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، شۇ كۈنى تۇغۇلغانلار(كىملىك ئاساس قىلىنىدۇ) ھەقسىز ئىشىك بېلىتى ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى توققۇز چوڭ تۈرلۈك ساياھەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرىنى يولغا قويىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭلىق ساياھەتچىلەر مەنزىرە رايونى ئىشىك بېلىتىدە يېرىم باھا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيەسى

# «پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش» ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ دائىملىشىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلىشىشىگە تۈرتكە بولدى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋۇ جېنجيې، ليۇ فېڭ**

«يېزا - كەنتلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىمىزدىن يېشى چوڭ، ھەرىكىتى قولايسىز بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دائىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش - باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھەربىر كىشى ئون ئائىلىلىك ئاھالە بىلەن ئالاقە باغلىدى، ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى ۋە ئالاقىلىشىش ئوبيېكتى ئېلان قىلىنىپ، ئاممىنىڭ نازارىتى قوبۇل قىلىندى» دېدى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆرتى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لياڭ ۋېي.

كۆكتوقاي ناھىيەسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا بوشاشماي چىڭ تۇردى، پۈتۈن ناھىيەدىكى 86 كەنت(مەھەللە) پارتىيە تەشكىلاتى «پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش» ئەندىزىسىنى سىجىل، ئىنچىكە، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن دائىملىق مۇلازىمەتنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، چوڭقۇر بولۇش، پۇختا بولۇش داۋامىدا ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ دائىملىشىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

كۆكتوقاي ناھىيەسى «قوشنا ئولتۇراقلىشىش، مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇش، مۇلازىمەتكە قولاي بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، سىياسىي ساپاسى ياخشى، ئاممىۋى ئاساسى ياخشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ياخشى بولغان 2240تىن ئارتۇق ئاۋانگارت پارتىيە ئەزاسىنى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان پارتىيە ئەزاسى قىلىپ كۆرسىتىپ، 19 مىڭ 600دىن ئارتۇق ئاھالە، ئاممىا بىلەن قوشماقلىشىپ ئالاقىلىشىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئوزۇقلۇق توپىسنى مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەش كېرەك، ئوغۇتنى كۆپ بېرىۋېتىپ يىلتىزنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش، يەنە ئاز مىقداردا فورمالىن قوشۇپ، تۇپراقتىكى زىيانداش ھاشاراتلار ھەم تۇپراقتىن تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە، ئەن جيەنگاڭ كەنت ئاھالىسى لى ئەيىڭنىڭ پارنىكىدا ئوزۇقلۇق توپىسى تەڭشەشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆگىتىۋاتاتتى.

ئەن جيەنگاڭ كۆكتوقاي ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن قارا تۆگە بازىرى قىزىلقۇدۇق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى. زىيارەت جەريانىدا، لى ئەيىڭ ئۇنىڭغا تېرىقچىلىق تېخنىكىسى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ئىنكاس قىلدى، ئەن جيەنگاڭ كەنتتىكى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن كەنتتىكى «يەرلىك مۇتەخەسسىسلەر» «ئېتىز زىيالىيلىرى»دىن تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىز بېشىغا بېرىپ كەنت ئاھالىلىرىگە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئېتىز پەرۋىشى قاتارلىق تېخنىكىلارنى چۈشەندۈردى.

كۆكتوقاي ناھىيەسى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان پارتىيە ئەزالىرىنى قەرەللىك زىيارەت قىلىش بىلەن كۈندىلىك ئالاقىلىشىشنى بىرلەشتۈرۈشكە تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق تەلىپى ۋە پىكىر - تەكلىپلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، يىغىنچاقلاپ، تەلەپ تىزىملىكىنى شەكىللەندۈردى. «بېجىرىشكە ۋەدە بېرىش، قېلىپلاشتۇرۇپ مەشغۇلات قىلىش، ۋاقىت بەلگىلەپ بېجىرىش» تەلىپى بويىچە، كەنت(مەھەللە) پارتىيە تەشكىلاتلىرى تىزىملىك يوللاش، ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان پارتىيە ئەزالىرى تىزىملىك قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئاممىنى ئىنچىكىلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان پارتىيە ئەزالىرى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، ھەل قىلالمايدىغان ئاممىنىڭ تەلىپى ۋە قىيىنچىلىقىغا قارىتا، كەنت(مەھەللە)نى ھۆددىگە ئالغان رەھبەرلەر، كەنت(مەھەللە) پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئەۋەتكۈچى ئورۇندىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق بىرلىكتە ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ساداسى بولۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ھازىرغا قەدەر، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان پارتىيە ئەزالىرى جەمئىي 46 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ 3900دىن ئارتۇق تەلىپى، تەكلىپىنى توپلاپ، رەتلەپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن 2258نى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تۈرلۈك زىددىيەت، ماجىرالارنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ‹پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش›نىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، بېيىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز» دېدى كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جاڭ مىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.



مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# بېيىش يولىدىكى قېرىنداشلىق مېھرى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ پېڭ**

«بۇ سىز ياخشى كۆرىدىغان كىيىم، ماۋۇ ئىككى بالىڭىزغا ئالغان غالتەكلىك كانكى ئاياغ... كېلىڭ، كىيىمنى كىيىپ بېقىڭ، يارىشامدۇ - ياراشمامدۇ.» «ئاكا، كىيىسەم دەل كەلدى!» 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاكىسى ئەكەلگەن كىيىمنى كىيگەن پاراسەت مۇختاشنىڭ قەلبى ئىللىقلىققا تولدى.

34 ياشلىق پاراسەت دۆربىلجىن ناھىيەسى گۇرتى يېزىسى كۆكسۇ كەنتىنىڭ ئاھالىسى، ئۇ دەۋاتقان «ئاكا» جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى تۇڭ جياۋ بولۇپ، بۇ يىل 58 ياشتا. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئىككىيلەن تۇغقانلاشقان بولۇپ، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ھېكايىلىرى شۇنىڭدىن باشلانغان.

بۇلتۇر، پاراسەتنىڭ ئىشلەتكىنىگە كۆپ يىل بولغان كىچىك تىپتىكى تراكتورىنىڭ بىر يىلدا ھېچقانچە پۇل تاپالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇڭ جياۋ پاراسەتنىڭ چوڭ ئات كۈچلۈك تراكتورغا ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. «بولۇشىغۇ بولىدۇ، مۇھىمى سېتىۋالغۇدەك پۇل يوقتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چوڭ ئات كۈچلۈك تراكتور سېتىۋالسام، قىلغىلى ئىش بولمىسا قانداق قىلىمەن؟» پاراسەت ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئېيتتى. «قىيىنچىلىق بولسا ئىككىمىز تەڭ ئامال قىلىپ ھەل قىلىمىز، چارە ھامان قىيىنچىلىقتىن كۆپ.» تۇڭ جياۋنىڭ سۆزلىرى پاراسەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتتى.

تۇڭ جياۋ ئەتراپىدىكى دوستلىرىنى ئۇندىدار توپى، دوستلار چەمبىرىكىدە كەڭ دائىرىدە ئۇچۇر تارقىتىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پاراسەتنىڭ كىچىك تىپتىكى تراكتورىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى. ئارقىدىن، تۇڭ جياۋ پاراسەتنى ئېلىپ قەرز پۇل ئېلىشقا قاتراپ، ئۇنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن رەنلىك قەرزگە كېپىل بولۇپ، چوڭ ئات كۈچلۈك تراكتور سېتىۋالدى ھەم تەرەپ - تەرەپتىن ئاغدۇرۇش، تېرىش، توشۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئالاقىلىشىپ بەردى.

ئاكىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، پاراسەت مەزمۇت قەدەم بىلەن تەرەققىيات ئۈستىدە ئىزدەندى، قەيەردە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بولسا شۇ يەردە ئۇنىڭ ئالدىراش سىماسى پەيدا بولدى. ئاققۇزغان تەردىن ھوسۇل شادلىقىغا چۆمدى، شۇ يىلى پاراسەت 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتى.

يىل ئاخىرى رەنلىك قەرز پۇلنى قايتۇرغاندا، پاراسەتنىڭ يەنە ئازراق پۇلى كەملەيدىغانلىقىنى بىلگەن تۇڭ جياۋ 12 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

«تراكتورغا تايانغاندىن سىرت، يەنە باشقا كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بىختەر بولىدۇ.» تۇڭ جياۋ يەنە پاراسەتنىڭ ئۆيىدىكى سەككىز كالىدىن پايدىلىنىپ قانداق قىلغاندا كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى، «ئۆيىدىكى كالىلارنى ياخشى بوداپ سەمرىتسەك، موزايىنىمۇ خېلى كۆپ پۇلغا ساتقىلى بولىدۇ».

پاراسەت بۇرۇن باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى بىلمەيتتى، ئۆيىدىكى موزايلار ناھايىتى ئورۇق بولۇپ، كۆپ پۇلغا يارىمايتتى. تۇڭ جياۋ كالا فېرمىسىدىكى باقمىچىلىق مۇتەخەسسىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، پاراسەتكە كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشنى ئۆگىتىپ، ئۇنى كەنتتىكى ئىلمىي باقمىچىلىق كۇرسىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى. ھازىر، پاراسەتنىڭ باقمىچىلىق تېخنىكىسىدا ناھايىتى زور ئۆسۈش بولۇپ، ئۆيىدە سىلوس ئورىسى ياسىدى، يەم - خەشەك زاپىسى يېتەرلىك بولدى، يەنە ئۆلچەملىك كالا قوتىنى بار بولدى، موزايلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، بىر موزاينى 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلغا ساتالايدىغان بولدى.

مۇشۇ يىللاردىكى ئاكا - ئۇكا ئارىسىدىكى باردى - كەلدىنى ئەسلەپ، پاراسەت مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ چىن قەلبىدىن قىلغان ھەربىر ياردىمىگە بىر ئائىلە كىشىلىرىدىنمۇ ئارتۇق چوڭقۇر دوستلۇق مېھرى مۇجەسسەملەنگەن».

ھەر قېتىمقى ھېيت - بايرامدا، تۇڭ جياۋ بىلەن خوتۇنى پاراسەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىغىلى بارىدۇ، پاراسەت بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ قۇرۇتۇلغان گۆش قاتارلىق مىللىي نازۇنېمەتلەرنى ئېلىپ تۇڭ جياۋنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ جەم بولىدۇ، ئاددىي - ساددا مىللەتلەر دوستلۇقى ئىككى ئائىلىدە «يىلتىز تارتىپ چېچەكلىدى».

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تۇڭ جياۋ يەنە پاراسەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇ يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى. «بۇ يىل مەن تىرىشىپ رەنلىك قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ بولىمەن، يەنە باشلامچى بولۇپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، يۇرتداشلارنى بىرلىكتە بېيىشقا يېتەكلەيمەن» دېدى پاراسەت. «يارايسەن، سەن قىلىشنى خالىساڭلا، مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سېنى قوللايمەن» تۇڭ جياۋ شۇنداق دېگەچ پاراسەتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ۋە شەھەر - يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يېزا - كەنتلەرنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلارنى زىچ چۆرىدەپ، يېزا تاشيولىنى باشقۇرۇش، ئاسراش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا تاشيولىنى يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، زىچ ماسلىشىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان خىزمەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېزا تاشيول ئاسراش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، «تۆتتە ياخشى يېزا يولى»نىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسىنى ئورنىتىش شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى، تۆۋەن چېكىنى ساقلاپ، تەبىئەتنى قوغداش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مەڭگۈ سىجىل تەرەققىي قىلىشنى نىشان قىلىپ، تۈرگە ئايرىلىشى ئىلمىي، جايلىشىشى مۇۋاپىق، قوغداش كۈچلۈك، باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك بولغان دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى، تەبىئىي خارابىلىرى، تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ سىستېمىلىق قوغدىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارالمىلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

رەئىسلەر يىغىنىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ئاساسىي مۇھاكىمە تېمىسى: «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش»نى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش؛ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛ ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى بۇ يىلقى تۇنجى قېتىملىق مەخسۇس تېمىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىلدا ئېچىلىدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ياخشى ئېچىش دىققەتنى باش نىشانغا يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيە ئەۋزەللىكى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئويلاش، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇشتىكى ئاكتىپ ئېنېرگىيەنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، يىغىننى يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك ياخشى ئېچىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ياخشى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەكلىپلەر تەدبىرلىك، پىكىرلەر ئورۇنلۇق، نوپۇزى كۈچكە ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ياڭ يۈك، ئىلھام سابىر، ما شيۇچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.